2020 ـ يىل 10 ـ ئاي
29
پەيشەنبە
维吾尔文 10 月29日

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25229 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## بىگتۇەن نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاڭ شياۋيەن** خەۋەر قىلدۇ: «بىز تۇرۇۋاتـ
قان تۇەن ـ مەيدان ئەسلىدە بىگتۇەندىـ
كى ئېغىر نامرات تۇەن ـ مەيدان بولۇپ،
2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى نامراتلىقتىن قۇـ
تۇلغاندىن كېيىن، مەن ئىلگىرى ياردەم
بېرىش ـ يۆلەش بولمىسا بۇرۇنقى ھالىتىـ
مىزگە قايتىپ قالارمىزمۇ، دەپ ئەندىشە
قىلغانىدىم. بۈگۈنكى كۈندە تۇەن ـ
مەيدان مىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش باغچىسىـ
دا ئىشقا ئورۇنلىشىشىمغا ياردەم بېرىپلا
قالماي، يەنە ئېرىمنى ئاممۇۋى مەنپەئەتـ
دارلىق ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى،
ئارتۇقچە ئەندىشە قىلىپ يۈرۈپتىمەن»
دېدى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى بىگتۇەن 3 ـ
شى 44 ـ تۇەن 18 ـ لىيەندىكى نامراتلىقـ
تىن قۇتۇلغان ئىشچى زەرىگۈل ئوبۇل تېـ
لېفوندا مۇخبىرغا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىگتۇەن
پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن بىگتۇەننىڭ كۈـ
چىنى توپلاپ، پۈتۈن بىگتۇەننىڭ
ئەقىل ـ پاراسىتىنى مۇجەسسەملەپ، نامـ
راتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە
ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا
پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلاندى. 2019 ـ
يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، بىگتۇەن
نامرات تۇەن ـ مەيدانلارنىڭ ھەممىسىـ
نىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋېتىش،
نامرات لىيەندۈيلەرنىڭ ھەممىسىنى نامـ
راتلىقتىن چېكىندۈرۈپ چىقىش، نامرات
نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇـ
تۇلدۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

# ئۇلۇغ بايراق تارىخىي غايەت زور ئۆزگىرىشكە يېتەكچىلىك قىلدى

## ـــ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ «13 ـ بەش يىل»دىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقى توغرىسىدا مۇلاھىزە

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

ئۇلۇغ ئىدىيە ئۇلۇغ دەۋردىن
كەلدى؛
يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيە يېڭىلىق
يارىتىش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

«13 ـ بەش يىل» جۇڭگوچە سوتـ
سىيالىزمنىڭ تارىخىي مۇساپىسىدە ئالدىنـ
قى ئىشلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكى
ئىشلارغا يول ئاچتى، ئالدىنقىلارغا ۋارىسـ
لىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچتى.

بۇ بەش يىلدا، يولداش شى جىنپىڭ
يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىـ
نىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شى جىنپىڭنىڭ
يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەـ
سىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىـ
ساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تارىخىي خاـ
راكتېرلىك ھالقىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەل
قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر
قولغا كەلتۈرۈلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇـ
رۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئومۇمـ
يۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشـ
نىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا، ئومۇميۈزـ
لۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان
دۆلەت قۇرۇش ئىستىقبالىمىز پارلاق،
جۇڭخۇا مىللىتى يېڭى تارىخىي غايەت زور
ئۆزگىرىشنى كۈتۈۋالدى.

### تېز ئۆزگەرتىپ قايتا يارىتىش ـــ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىپ، جۇڭگو تەرەققىياتىنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىش

2020 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى،
مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىـ
مىي كومىتېتى بىر قېتىملىق ئادەتتىن تاشقىرى
يىغىن ئاچتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋە
مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىـ
مىي كومىتېتىنىڭ باشقا ئەزالىرى «13 ـ بەش
يىل»لىق يىرىك پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشىنى
خۇلاسىلەش، باھالاش دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

«ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەر ئومۇـ
مىي جەھەتتىن قەرەلدە ئىشقا ئاشىدۇ،
مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىلەر
ۋە 165 تۈرلۈك مۇھىم، زور قۇرۇلۇش
تۈرى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلىشىپ
ئۈنۈم بېرىدۇ، يىرىك پىلاندا بېكىتىلـ
گەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەر پات
ئارىدا غەلىبىلىك تاماملىنىدۇ» «دۆلـ
تىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى،
پەن ـ تېخنىكا ئەمەلىي كۈچى، ئۇنىـ
ۋېرسال دۆلەت كۈچى يېڭى پەللىگە
كۆتۈرۈلدى»...

بەش يىللىق ئەمەلىيەت يولداش
شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەرـ
كىزىي كومىتېتىنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى
ۋە ئىلمىي تاللىشىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.

ۋاقىت 2015 ـ يىلغا قايتتى، جۇڭگو
ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئالدىنقى
بىرنەچچە يىلدا سىجىل ئاستىلىغان ئاساستا
يەنىمۇ تۆۋەنلەپ، پۈتۈن يىلدا 7%
ئېشىپ، 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇـ
يانقى ئەڭ تۆۋەن قىممەتكە چۈشتى.

يېڭى دەۋرگە كىردۇق، جۇڭگو
قانداق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى
كېرەك، قانداق تەرەققىي قىلىشى كېرەك،
باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر پىكىر
يۈرگۈزمەكتە ئىدى.

چوڭ يۈزلىنىش كۆزىتىلدى، پۈتۈن
ۋەزىيەت كۆزلەندى، يېڭى يول ئېچىلدى.

ئىدىيە «ئەمەلىيەت ـ بىلىش ـ يەنە
ئەمەلىيەت ـ يەنە بىلىش» داۋامىدا چوڭـ
قۇرلىشىپ، يۈكسىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىقتىـ
ساد، جەمئىيىتىنىڭ سىجىل ساغلام تەرەقـ
قىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان ئىلمىي يېتەكچىـ
گە ئايلاندى.

ـــ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ يېڭى
نورمال ھالىتىگە ئۇيغۇنلىشىش ۋە ئۇنى
ئىگىلەش، يېتەكلەشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
«سۈرئەت تەشۋىشى»نى تۈگىتىپ،
جۇڭگو ئىقتىسادىغا «قانداق قاراش» مەـ
سىلىسىنى ھەل قىلدى؛

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەش تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىش

### ـــ ھەرقايسى جايلاردىكى لېكسىيە ئۆمەكلىرى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

ئامباب، چۈشىنىشلىك تىل، كونكرېت، تەپسىلىي، ئېنىق سانلىق مەلۇمات، تەـ
سىرلىك، جانلىق مىسال... ئۇدا بىر قانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرـ
قايسى جايلار 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش،
تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە لېكسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، يېزا ـ بازار، مەھەلـ
لە، ئېتىز باشلىرىغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما چوڭقۇر ئىلھاملانـ
دى، ئىنتايىن روھلاندى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى 3 ـ قېتىمـ
لىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، جاسارەت
بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسئۇلىيەتنى زىممىزـ
گە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ
قۇرۇپ چىقىمىز.

قاراماي شەھىرى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىـ
دىن لېكسىيەنى ياخشى سۆزلەشكە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر دەرىجىلىك لېكسىيە
سۆزلەش قوشۇنى قۇرۇپ، لېكسىيە سۆزلەشنى پىلانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق قانات
يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى، ئاساسىي قاتلامدىكى
يۇقىرا لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەر، بىرلەشمە ئائىلە باشلىقلىرى قاتارلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئەۋزەلـ
لىكىنى پايدىلىنىپ جارى قىلدۇرۇپ، كوچا ـ كويىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ لېكسىيە سۆزلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، قاراماي شەھىرى جەرەنبۇلاق رايونى (قاراماي يۇقىرى،
يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى)نىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزـ
مىتى سۆھبەت يىغىنى روھىدىن ئاساسىي قاتلامدا لېكسىيە سۆزلەش ئەترىتى جۇڭشىنىڭ
يولى كوچا باشقارمىسى بىيپو مەھەللىسىدە لېكسىيە سۆزلىدى. لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، بىيپو مەھەللىسىدىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى ۋەن دېڭيۇ ھاياجانلانغان ھالدا
مۇنداق دېدى: «بىرلەشمە ئائىلە باشلىقى، پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن،
مەن رولۇمنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ،
ئىناق مەھەللە قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىمەن».

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

**3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى**
**تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، قالپاق ئېلىۋېتىلمىگەن نامرات ناھىيەلەردە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش

### گۇما ناھىيەسى:

## خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش مەخپىي نومۇرىنى يەشتى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جيېڭ جو، لىيۇ يى، زوۋ يى، جۇڭ جاۋفېڭ

«ئىلگىرى بىر ناننى ئۈيدىكىلەر
ھەممىمىز بۆلۈشۈپ يەيتتۇق، ھازىر بىر
ئايلىق كىرىمىمگە نۇرغۇن نان سېتىۋالا-
لايمەن.» گۇما ناھىيەسى كىلىياڭ يېزىسى
يۇلغۇنجاي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى
سالامەت تۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن
كېيىن، ھەمىشە ناننى مىسال قىلىدىغان
بولدى.

سالامەت ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن
ئىلگىرى ئۇ يەر ـ بۇ يەردە پارچە ـ
پۇرات ئىشلارنى قىلىپ تۇرمۇشنى قامـ
دايتتى، شۇنچە جاپالىق ئىشلىسىمۇ بىر
ئايدا پەقەت 2000 يۈەنلا كىرىم
قىلالايتتى. بۈگۈنكى كۈندە گۇما ناھىيەـ
سى خېجياشىن كەنتىنىڭ ئېشەك ئۆلچەمـ
لەشتۈرۈپ بېقىش مەركىزىنىڭ ئىشچىسىغا
ئايلانغاندىن كېيىن، سالامەت ئۆزىلا ھەر
ئايدا 3000 يۈەن تاپالايدىغان بولدى.

سالامەت شۇغۇللىنىۋاتقان ئېشەكچىـ
لىك كەسپى گۇما ناھىيەسىدىكى نامراتلارـ
نى يۆلەشتىكى نۇرغۇن كەسىپلەرنىڭ
بىرى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۇما ناـ
ھىيەسى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ
خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق كەسپىنى
زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى،
خاس كەسىپتىن ئىبارەت بۇ «مەنبە سۇ»
نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمنى سىجىل
مۇقىم ئاشۇردى.

### كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش كۆپ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈش

نۇرەخمەت ئېلى سالامەتنىڭ خىزمەتدىـ
شى بولۇپ، باقمىچى بولۇشتىن ئىبارەت بۇ
خىزمەت ئۇنىڭغا ھەر ئايدا 3000 يۈەندىن
ئارتۇق مۇقىم كىرىم ئېلىپ كەلدى.

خېجياشىن كەنتىنىڭ ئېشەك ئۆلـ
چەملەشتۈرۈپ بېقىش مەركىزىدە،
دېھقان ئائىلىلىرى ئۆزلىرى ئېشەك
بېقىپ ئېشەك سۈتىنى ساتسا بولىدۇ، ئېـ
شەكنى كارخانىنىڭ ھاۋالىلىك باشقۇرۇـ
شىغا بەرسىمۇ بولىدۇ، ھەر يىلى پايدا
تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

شىنجاڭ كوئېنلۇن لۈيۈەن يېزا ئىـ
گىلىك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات (گۇرۇـ
ھى) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ
باش دىرېكتورى فېڭ جيەنشىن مۇنداق
دېدى: «بازىرىمىز ‹شىركەت+دېھقان ئائىلىسى›دىن ئىبارەت ھاۋالىلىك بېقىش تىجاـ
رەت ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، ئېشەكچىلىك

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



### يېڭى پاختا سېتىۋېلىندى

شايار ناھىيەسىدىكى بىر چىگىت ئايرىش زاۋۇتىدا، ئىشچىلار سېتىۋېلىنغان چىگىتلىك پاختىنى دۆۋىلىمەكتە (10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تارتىلغان). بۇ يىل، شايار ناھىيەسىنىڭ كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى 1 مىليون 984 مىڭ 300 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىنغان پاختا تەخمىنەن 1 مىليون 500 مىڭ مو بولۇپ، پاختىنى ماشىنا بىلەن يىغىۋېلىش نىسبىتى 75% تىن ئاشتى.

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى خۇ خۇخۇ فوتوسى

## ئالاتاۋدا چېگرادىن كىرىپ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يىل ئىچىدە تۇنجى قېتىم 4000 قېتىمنى بۆسۈپ ئۆتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن
چياڭۋېينىڭ** ئۈرۈمچى تاموژنىسىدىن ئىـ
گىلىشىچە، 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپـ
توموبىل زاپچاسلىرى، كومپيۇتېر مەھـ
سۇلاتلىرى، كىيىم ـ كېچەك، تۈرلۈك
مال قاتارلىق ماللار لىق قاچىلانغان
«ۋۇخەن ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» جۇڭگو ـ
ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئالاتاۋ پورتىـ
دا چېگرادىن چىقىپ پولشاغا قاراپ
يۈرۈپ كەتكەن. بۇ، ئالاتاۋ پورتىدا بۇ
يىل چېگرادىن كىرىپ چىققان 4000 ـ
قېتىملىق جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پوـ
يىزى، شۇنداقلا بۇ پورتتا 2011 ـ يىلى
جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتـ
نىغاندىن بۇيان، چېگرادىن كىرىپ
چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىـ
زىنىڭ يىل ئىچىدە تۇنجى قېتىم 4000 قېـ
تىمنى بۆسۈپ ئۆتۈشى ھېسابلىنىدىكەن.

10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگە قەدەر،
ئالاتاۋ پورتىدا بۇ يىل چېگرادىن كىرىپ
چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىـ
زى جەمئىي 4007 قېتىمغا يېتىپ، بۇلتۇرقى
ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 43.16% ئېشىپ،
يۈك توشۇش مىقدارى 2 مىليون 874 مىڭ
تونىنغا يەتتى. قايتىدىغان نۆۋەتچى پويىزـ
غا يۈك بېسىش نىسبىتى 2014 ـ يىلدىكى
9.1%تىن ھازىرقى 95.8%كە ئۆستى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىغىنى بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈزۈپ

## ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار مائارىپى خىزمىتى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا سوئال سورىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ
جىيۈن** خەۋەر قىلدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ
كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونـ
لۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ 19 ـ قېتىملىق يىـ
غىنى بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنى ئۆتكۈـ
زۈپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلار
مائارىپى خىزمىتى توغرىسىدا
مەخسۇس تېمىدا سوئال سورىدى. بۇ،
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئوقۇش يېشىغا
يەتمىگەن بالىلار مائارىپى خىزمىتىنى
سىجىل نازارەت قىلىش، ئىز قوغلاپ
نازارەت قىلىش، شۇنداقلا مەخسۇس
تېمىدا سوئال سوراشنىڭ قاتتىقلىقلىقى
ۋە ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىكى
كى ئۈنۈملۈك تەدبىرى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

### بايلىقنى بىرتۇتاش پىلانلاش لايىھەنى قوزغىتىش

## ئاپتونوم رايونىمىز ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنى بىرىنچى ۋاقىتتا قۇتقۇزدى، داۋالىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ
چۈنخۇا**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ھۆكۈمىتى ئاخبارات ئىشخانىسى 10 ـ
ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاچقان قەشقەر ۋىلاـ
يىتىنىڭ كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يېڭى
تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە يالـ
لۇغى يۇقۇمى ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات
ئېلان قىلىش يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، كوـ
ناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈزبەرگەنـ
دىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمـ
نىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوـ
ماندانلىق ئىشتابى پۈتۈن ئاپتونوم راـ
يونىنىڭ داۋالاش بايلىقىنى بىرتۇتاش
پىلانلاپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسـ
لۇق ئۆپكە ياللۇغىنى داۋالاش ـ قۇتقۇـ
زۇش خىزمىتى لايىھەسىنى تېز قوزغىتىپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### 10 مىڭ كىلومېتىردىن ئارتۇق يېزا تاشيولى يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ ياسالدى

## ئاپتونوم رايونىمىز يىللىق قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى

سۈپەتلىك رولىنى قوزغىتىش پەيتنى قولدىن بەرمەي كۈرەش قىلىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لۇ فېڭـ
باۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش ـ تەـ
رانسپورت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 9 ـ
ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىـ
مىز يېزا تاشيولىغا جەمئىي 7 مىليارد
يۈەنگە يېقىن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاپ،
10007.47 كىلومېتىر يېزا تاشيولىنى يېڭىـ
دىن ئۆزگەرتىپ ياساپ، يىللىق مەبلەغ
سېلىش ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى مۇدـ
دەتتىن بۇرۇن نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئوـ
رۇندىغان.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا
تاشيول قۇرۇلۇشىغا 5 مىليارد 500 مىليون
يۈەن مەبلەغ سېلىش، 10 مىڭ كىلومېتىر
مۇساپىلىك يېزا تاشيولىنى يېڭىدىن ئۆزـ
گەرتىپ ياساشنى تاماملاپ، 86 قوشۇۋېـ
تىلگەن ئىشتاتلىق كەنتكە قاتنىلاشتۇرۇلـ
غان يول تۇتاشتۇرۇش، 347 كىلومېتىر ناـ
ھىيە، يېزا يولىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈـ
رۈپ ئۆزگەرتىش، 200 كىلومېتىر تار يول
ئۇلىنى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىش، ھەممىدە
1200 كىلومېتىر دۆلەت ئىلكىدىكى ئورمانـ
چىلىق مەيدانى يولى، 9313 كىلومېتىر بىـ
خەتەرلىك ـ ھاياتلىق بويىچە مۇداپىئەلىـ
نىش قۇرۇلۇشى ۋە 25 خەتەرلىك كۆۋـ
رۈكنى ئۆزگەرتىشكە نۇقتىلىق تۈرتكە بوـ
لۇشنى پىلانلىغانىدى.

پۈتۈن يىللىق يېزا تاشيول قۇرۇلۇـ
شى ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپاـ
لەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق
قاتناش ـ ترانسپورت نازارىتى مەبلەغ پىـ
لاننى مۇددەتتىن بۇرۇن چۈشۈرۈپ،
قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرنى تۇتۇپ، يېڭىدىن

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)